بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى
26- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يَمْكُرُ بِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ اللَّهُ وَاللَّهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ﴾.

**ئايەتنىڭ تەرجىمىسى**

«(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر» (سۈرە ئەنفال 30- ئايەت).

**ئايەتنىڭ تەپسىرى**

ئەللامە سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله نىڭ ساڭا قىلغان خەير-ئېھسانىنى ئەسلىگىن. ئەينى ۋاقىتتا كاپىرلار ساڭا ھەر خىل سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان ئىدى. يەنى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ نى تۇتۇپ سولاش ياكى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇش ۋە ياكى ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا دارۇننەدۋە (كېڭەش ئۆيى) دە مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاخىرى ئەڭ بەتبەخت ئەبۇ جەھىل (الله ئۇنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن) ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرگە ئىتتىپاقا كەلدى. ئۇ پىكىر بولسا قۇرەيش قەبىلىلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر يىگىتنى تاللاپ، ئۇنىڭغا ئۆتكۈر قىلىچ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك (يەنى بىردەك) مۇھەممەد ﷺ نى ئۆلتۈرۈش ئىدى. ئۇلار ئۇنى شۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرسە ئۇنىڭ قېنى بارلىق قەبىلىلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئاندىن ھاشىم جەمەتى ئۇنىڭ دىيىتىگە رازى بولۇپ قۇرەيش قەبىلىرىگە ئۇرۇش ئېچىشقا پېتىنالمايدۇ دېگەنلىك مەقسەت قىلىنغان ئىدى. شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ﷺ گە ۋەھيي كەلدى: <(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر> (سۈرە ئەنفال 30- ئايەت).

ئۇلار دېيىشكىنىدەك، پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىدىن چىققاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كېچىدە كۈتۈپ تۇردى. پەيغەمبەر ﷺ توپىنى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا چاچتى، الله ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرمەس قىلىۋەتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ كەتتى. ئۇلار داۋاملىق پەيغەمبەر ﷺ نى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا بىر كىشى كېلىپ: <الله سىلەرنى خار قىلىۋەتسۇن! مۇھەممەد سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا توپا چاچقان ھالدا چىقىپ كەتتى> دېدى، ئاندىن ئۇلار باشلىرىدىن توپىنى قاقتى. دېمەك، الله ئۆز ئەلچىسىنى ئۇلاردىن قوغدىدى ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش رۇخسىتىنى بەردى. پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ماڭدى، الله ئۇنى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن تەركىب تاپقان ساھابىلىرى بىلەن كۈچلەندۈردى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىشى (يەنى ئىسلام) ئۈستۈن بولدى. ئاخىرى پەيغەمبەر ﷺ كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن مەككىگە كىرىپ مەككە ئەھلىنى بويسۇندۇردى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكمىگە بويسۇندى. ئەسلىدە پەيغەمبەر ﷺ ئۇ يەردىن ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قورققان ھالدا چىققان ئىدى» («تفسير السعدي» دىن ئېلىندى).

يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئى مۇھەممەد ﷺ! سېنى سولاش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى ۋەتىنىڭدىن قوغلاش ئارقىلىق ساڭا سۇيىقەست قىلغان كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىنى رەببىڭنىڭ بەربات قىلغان نېمىتىنى ئەسلىگىن. يەنى مەن سېنى ئۇلاردىن قۇتۇلدۇردۇم ۋە ئۇلارنى ھالاك قىلدىم شۇڭلاشقا ساڭا ئۇرۇش ئاچقان مۇشرىكلارغا قارشى جەڭ قىلىشتىكى بۇيرۇقۇمنى داۋاملاشتۇرغىن. مەن ساڭا ئەۋەتكەن توغرا دىننى تۇرغۇزۇشقا يۈزلەنگىن، سېنى ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى توختىتىپ قويمىسۇن، ھەقىقەتەن رەببىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزىدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان، بۇيرۇقىغا ۋە توسقانلىرىغا قارشىلاشقان كىشىلەرنىڭ ھىيلە-مىكرىنى ئەڭ ياخشى بەربات قىلغۇچىدۇر («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، كاپىرلارنىڭ سۇيىقەستى — سولاش، ئۆلتۈرۈش، سۈرگۈن قىلىش، يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىش دېگەندەك يوللار بىلەن بولىدىغانلىقى ۋە الله نىڭ دىنىغا چاقىرغۇچىنىڭ ئۆز رەببىدىن پاناھلىق سورىشى كېرەكلىكى؛ الله قا ھەقىقىي ئىشەنچ قىلىش ۋە تەۋەككۈل قىلىش، يامان سۇيىقەستلەر پەقەت سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئۆزىگىلا بولىدىغانلىقىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى چىقىدۇ.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

پەرىشتىلەر پەقەت الله قا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاسىيلىق قىلماسلىق خاراكتېرىدە يارىتىلغانلىقى بىلەن ئىنسانلاردىن پەرقلىنىدۇ. الله تعالى پەرىشتىلەرنى ئۆزىگە قۇلچىلىق قىلىش ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، الله تعالى ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَلْ عِبَادٌ مُكْرَمُونَ ۞ لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ ۞ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُمْ مِنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ ۞﴾ «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): <الله نىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار> دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. الله (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر الله نىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر [26]. ئۇلار الله قا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ [27]. الله ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، الله نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ [28]» (سۈرە ئەنبىيا 26- ئايەتتىن 28- ئايەتكىچە).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە پەرىشتىلەرنىڭ الله تعالى ئۇلارغا بىلدۈرگەن غەيبتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالُوا سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾ «پەرىشتىلەر: <سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن> دېدى» (سۈرە بەقەرە 32- ئايەت).

ھەيكەل، سۈرەت ۋە ئىت بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ ھەمدە ئۇلار قوڭغۇراقلىق يولۇچىغا ھەمراھ بولمايدۇ، ئىنسانلارغا ئەزىيەت بەرگەن نەرسە ئۇلارغىمۇ ئەزىيەت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «يېنىدا قوڭغۇراق ياكى ئىت بار يولۇچىغا پەرىشتىلەر ھەمراھ بولمايدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە يەنە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، الله تعالى پەرىشتىلەرنى بىزدىن پەردىلىۋەتكەن شۇڭا بىز ئۇلارنى يارىتىلغان ئەسلى قىياپىتىدە كۆرەلمەيمىز لېكىن الله تعالى ئۇلارنى بەزى بەندىلىرىگە كۆرسەتكەن. مەسىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ئىككى قېتىم جىبرىئىل عليه السلام نى يارىتىلغان ئەسلى قىياپىتىدە كۆرگەن. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى ۞ عِنْدَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى ۞﴾ «ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى» (سۈرە نەجم 13- ۋە 14- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا صَاحِبُكُمْ بِمَجْنُونٍ ۞ وَلَقَدْ رَآهُ بِالْأُفُقِ الْمُبِينِ ۞﴾ «سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد) مەجنۇن ئەمەستۇر [22]. ئۇ (يەنى مۇھەممەد) جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ (شەرقىدە) كۆردى [23]» (سۈرە تەكۋىر 22- ۋە 23- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن ابن عباس رضي الله عنه قال: كنت خلف النبي ﷺ يوما فقال: «يا غلام، إني أعلمك كلمات: احفظ الله يحفظك، احفظ الله تجده تجاهك، إذا سألت فاسأل الله، و إذا استعنت فاستعن بالله، و اعلم أن الأمة لو اجتمعت على أن ينفعوك بشيئ لم ينفعوك إلا بشيئ قد كتبه الله لك، و إن اجتمعوا على أن يضروك بشيئ، لم يضروك إلا بشيئ قد كتبه الله عليك، رفعت الأقلام و جفت الصحف» (رواه الترمذي و قال: حديث حسن صحيح).

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر ئۇلاغدا ئۇنىڭ كەينىگە مىنىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <ئى بالام، مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قوياي. الله نى ئېسىڭدىن چىقارما، الله سېنى ئەستىن چىقارمايدۇ؛ الله نى ئەستىن چىقارمىساڭ، ئۇنى ئالدىڭدا تاپىسەن. ئەگەر بىر نەرسە تىلىسەڭ الله تىن تىلىگىن، ئەگەر ياردەم سورىساڭ الله تىن سورىغىن. بىلگىنىكى، بارچە ئۈممەت ساڭا بىرەر مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلار ساڭا الله يازغاندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر ئۇلار ساڭا بىرەر زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا، الله ساڭا يازغاندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر قۇرۇدى> دېدى» (تىرمىزى بۇ ھەدىسنى «سەھىھ» دېگەن).

ئىبنى رەجەب ھەنبەلى رحمه الله ئۆزىنىڭ «جامع العلوم والحكم» ناملىق كىتابىدا ھەدىسنىڭ شەرھىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس كاتتا ۋەسىيەتلەرنى ۋە دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان».

«احفظ الله يحفظك» «الله نى ئېسىڭدىن چىقارما، الله سېنى ئەستىن چىقارمايدۇ».

يەنى الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا رىئايە قىلغىن، الله نىڭ پەرزلىرىنى ئىجرا قىل، ھورۇنلۇق قىلما. الله بېكىتكەن چەك-چېگرادىن ئۆتۈپ كەتمىگىن. الله چەكلىگەن نەرسىلەردىن يىراق بول، ئۆزۈڭ بىلەن گۇناھ ئوتتۇرىسىغا توساق ھاسىل قىل. شۇنداق قىلغىنىڭدا الله سېنىڭ دىنىڭنى ۋە ئەقىدەڭنى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. سېنى مەخلۇقاتلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قالىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. ئىنسان ۋە جىنلاردىن ئىبارەت شەيتانلاردىن سېنى قوغدايدۇ، ھەرقانداق ئەزىيەت ۋە خورلۇقلاردىن مۇداپىئە قىلىدۇ. سېنى ۋە ساڭا ئەگەشكەن ئايال-بالىلىرىڭنى، يېقىن تۇغقانلىرىڭنى قوغداپ قالىدۇ.

«احفظ الله تجده تجاهك» «الله نى ئەستىن چىقارمىساڭ، ئۇنى ئالدىڭدا تاپىسەن» يەنى الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمىسەڭ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلساڭ، الله سېنى ھەرقانداق ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

«إذا سألت فاسأل الله» «ئەگەر بىر نەرسە تىلىسەڭ الله تىن تىلىگىن». يەنى ئەگەر سەن بىرەر ھاجەتنى سورىماقچى بولساڭ الله نىڭ غەيرىدىن سورىما، مەخلۇقاتلاردىن ھېچ نەرسە سورىما. مەخلۇقاتلاردىن ئۇلار قادىر بولالايدىغان نەرسىنى سورىماي تۇرۇشۇڭنىڭ ئۆزى بىر سەۋردۇر. ھەقىقىي سەۋرنى پەيدا قىلغۇچى الله تۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن ھەر ۋاقىت الله قا قايتقىن.

«و إذا استعنت فاستعن بالله» «ئەگەر ياردەم سورىساڭ الله تىن سورىغىن». يەنى ئەگەر (ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولساڭ اللە تىنلا تەلەپ قىلغىن چۈنكى ئاسمان-زېمىنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئەگەر سەن ئىخلاس بىلەن اللە تىن ياردەم سورىساڭ ۋە اللە قا تەۋەككۇل قىلساڭ اللە ساڭا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر بىرەر مەخلۇقتىن ياردەم سوراشقا مۇھتاج بولساڭ ئۇنى سەۋەب، ۋاستە قىلغىنىكى تايىنىدىغان تايانچ قىلمىغىن، اللە قىلا تايانغىن.

يۇقىرىقى ئىككى جۈملىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، بەندىلەردىن سورىسىمۇ بولىدىغان ۋە سورىمىسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان ھاجەتنى پەقەت اللە تىنلا سوراش تەۋھىدنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ، يەنى بۇنداق ھاجەتلەرنى بەندىلەردىن سورىماي اللە قا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىش مۇستەھەبتۇر. مەسىلەن، سەلەفلەرنىڭ بەزىسى ئاتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قامچىسى چۈشۈپ كەتكەن بولسا باشقىلاردىن ئېلىپ بېرىشنى سورىماستىن بەلكى ئۆزى چۈشۈپ ئېلىشنى مۇستەھەب سانايتتى.

«و إن اجتمعوا على أن يضروك بشيئ، لم يضروك إلا بشيئ قد كتبه الله عليك» «پۈتۈن ئۇممەت ساڭا بىرەر زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا اللە ساڭا تەقدىر قىلغاندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ». يەنى ئەگەر ساڭا بىرەر كىشىدىن زىيان يەتسە، بىلگىنكى، ھەقىقەتەن اللە ئۇ نەرسىنى ساڭا پۈتۈۋەتكەن بولىدۇ شۇڭا اللە نىڭ قازا ۋە قەدەرىگە رازى بولغىن («شرح الأربعين النووي»دىن ئېلىندى).

مۇئمىن بەندە اللە نىڭ ساقلىشىغا ۋە كۈچلەندۈرۈشىگە ئىشەنچ قىلغان ۋە ھەربىر ئىشلىرىدا اللە قىلا تايانغاندىن كېيىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ پىلانلىغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ بەلكى ئۇ ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پايدا-زىياننىڭ اللە نىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ھەمدە باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى جەزمىي بىلىدۇ چۈنكى ئۇ اللە نىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: <ھەممە نەرسە اللە نىڭ دەرگاھىدىدۇر>» (سۈرە نىسا 78- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتىگە ئىمان كەلتۈرگەن («الوافى فى شرح الأربعين النووية»دىن ئېلىندى).

«رفعت الأقلام و جفت الصحف» «قەلەملەر كۆتۈرۈلدى ۋە سەھىپىلەر قۇرۇدى». يەنى اللە تەقدىر قىلغان نەرسىلەر يېزىلىپ بولدى ۋە اللە نىڭ يازغىنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە كۈيئوغلى ئەبۇلئاستىن قىزى زەينەب رضي الله عنها نى ھىجرەت قىلىشىغا يول قويۇش شەرتى بىلەن تۆلىمىنى كەچۈرۈم قىلدى. زەينەب رضي الله عنها ئېرىنىڭ فىدىيە ھەققىنى تۆلەش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا مال ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ ئەۋەتكەن ماللار ئىچىدە توي كۈنى ئانىسى خەدىچە رضي الله عنها ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغان بىر تال مۇنچاقمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ مۇنچاقنى كۆرۈپ قاتتىق ئىچى سىيرىلدى ۋە ساھابىلەردىن ئەبۇلئاسنى فىدىيىسىز قويۇۋېتىشنى ئۆتۈندى. ساھابىلەر قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەبۇلئاسنى زەينەب رضي الله عنها نى مەدىنىگە يولغا سېلىپ قويۇش شەرتى بىلەن قويۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇلئاس مەككىگە بېرىپلا زەينەب رضي الله عنها نى يولغا سېلىۋەتتى. زەينەب رضي الله عنها ھىجرەت قىلىپ چىقتى. پەيغەمبەر ﷺ زەيد ئىبنى ھارىسە رضي الله عنه بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنى زەينەب رضي الله عنها نىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ: «سىلەر بەتنى يەئجەج دېگەن يەرگە بېرىپ زەينەبنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، ئۇ مەككىدىن چىقسا ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دېگىنىدەك قىلىشتى ۋە ئۇنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى لېكىن زەينەب رضي الله عنها نىڭ سەپىرى قىيىن ۋە مۇشكۇل بولدى.

ئەسىرلەر ئىچىدە قۇرەيشلەرنىڭ يېتىشكەن ناتىقى سۇھەيل ئىبنى ئەمرمۇ بار ئىدى. نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلغىن. مەن سۇھەيلنىڭ ئىككى چىشىنى سۇغۇرۇۋالاي، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى بىر سورۇندا ۋالاقلاپ ساڭا تىل ئۇزىتىپ يۈرمىسۇن» دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىدى چۈنكى بۇنداق قىلىش مۇسلە قىلغانلىق (يەنى بەدەن ئەزالىرىنى كېسىۋېلىش) بولاتتى. بۇ — اللە تعالى نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىش ئىدى. شۇ مەزگىللەردە يەنە سەئد ئىبنى نوئمان رضي الله عنه دېگەن كىشى مەككىگە ئۆمرە ھەجگە بارغاندا ئەبۇ سۇفيان ئۇنى تۇتقۇن قىلىۋالدى چۈنكى ئەبۇ سۇفياننىڭ بىر ئوغلى (يەنى ئەمر ئىبنى ئەبۇ سۇفيان) مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئەسىر ئىدى شۇڭا ئۇنى ئەمر ئىبنى ئەبۇ سۇفيانغا ئالماشتۇردى («الرحيق المختوم»دىن ئېلىندى).

## يۇقىرىقىلاردىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، بەدر مەزگىللىرىدە مۇسۇلمان ئايال بىلەن كاپىر ئەرنىڭ نىكاھى ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆكۈم تېخى يولغا قويۇلمىغان ئىدى شۇڭا ئەبۇلئاس بىلەن زەينەب رضي الله عنها نىڭ نىكاھى ئۈزۈلمىگەن، كېيىن بۇ ھۆكۈم مەنسۇخ بولغان (يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) بولۇپ، مۇسۇلمان ئايال كاپىر ئەرگە مەڭگۈ ھارام قىلىندى.

ئىككىنچى، ئەبۇلئاس ۋە باشقىلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن زەينەب رضي الله عنها ھىجرەت قىلالمىغان ئىدى لېكىن ئەبۇلئاس مۇجاھىدلارنىڭ قولىغا چۈشۈشى بىلەن ئايالى زەينەب رضي الله عنها نىڭ ھىجرەت يولى ئېچىلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ھىجرەت يولى بەزىدە ئابدۇللا ئىبنى ئورەيقىتكە ئوخشاش ئىشەنچلىك كاپىر ياكى پاسىق قاچاقچى (يەنى يول ئەتكەسچىلىرى)لارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېچىلسا؛ بەزىدە ئىشەنچلىك، كۈچلۈك جىھادىي جامائەتلەرنىڭ قولى بىلەن ئېچىلىدۇ.

ئۈچىنچى، دىنىنى ئېلىپ قېچىش ھىجرىتىگە ئوخشاش پەرز ھىجرەتلەردە، ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز ھىجرەت قىلىشى دۇرۇس بولۇپ؛ بۇنىڭ شەرتى، يات ئەر بىلەن يالغۇز، خالىي قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش، قاتتىق ئىشەنچلىك ھەمراھلار بولۇش ۋە يولبويى ئېپپەت-نومۇسى خەتەرگە يولۇقۇشتىن خاتىرجەم بولغان بولۇشتىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، ئۆزىنىڭ كۈيئوغلىغا ئېھتىرام ۋە ھۆرمەت قىلىش — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئادىمگەرچىلىك ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

(اللە خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

مانا بۇنىڭدىن دەسلەپتىلا ئاشكارا بولغان، ئۆچمەنلىككە تولغان ئەسەبىيلىك پوزىتسىيىسى ئايان بولىدۇ. ئەگەر ئەبۇ سۇفيان ئۆزىنىڭ گېپىنى قوللايدىغانلارنى تاپالىغان بولسا، خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك قان تۆكمىگىچە بېسىقمايدىغان پىتنىلەر مەيدانغا كەلگەن بولاتتى. ئەسەبىيلىك (يەنى جەمەتپەرەسلىك، قەبىلىۋازلىق، مىللەتچىلىك... ۋاھاكازا) قانۇنىيىتى بويىچە بولغاندا ئەلى رضي الله عنه خىلاپەتكە ئەڭ ھەقلىق كىشى ئىدى، دەل شۇ سەۋەبتىن ئەبۇبەكرى رضي الله عنه نىڭ دادىسى ئەبۇ قوھافە ئوغلىنىڭ خەلىپە بولۇپ سايلانغانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدا ھەيرانلىق ئىچىدە: «توۋا! ئابدۇماناف جەمەتى ۋە مەخزۇم جەمەتى بۇ ئىشقا رازى بولدىمۇ؟» دەپ كەتتى («آراء الخوارج» 47- بەت).

ئوسمان رضي الله عنه نىڭ دەۋرىدە ئەسەبىيلىك ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكىدەك شارائىتلارغا ئېرىشتى چۈنكى بۇ ئەسەبىيلىك ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رضي الله عنهما لارنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇپ نەپەس ئالغىدەك بىر شارائىتقا ئىگە بولغان ئىدى چۈنكى ئوسمان رضي الله عنه نىڭ دەۋرىدە ھەر خىل مەسئۇلىيەتكە ئالاقىدار مەنسەپلەرگە ۋە مال-مۈلۈكلەرگە ئېرىشىشتە بەسلىشىش شارائىتلىرى كۆپىيىپ ئەسەبىيلىك ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق ھازىرلانغان ئىدى. مەسىلەن، ئوسمان رضي الله عنه «ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى مەنسەپكە قويۇپ ئۇممەييە جەمەتىگە ئەسەبىيلىك (يەنى يان بېسىش) قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلىندى. مانا بۇ مالىك ئەشتەر (بۇ كىشى ئوسمان رضي الله عنه غا قارشى چىققان، ئەلى رضي الله عنه غا يان باسىدىغان ناتىق ھەم باتۇر كىشى بولۇپ، ئۆمەر رضي الله عنه ئۇنىڭ بېشىدىن پۈتىغىچە قاراپ: «مانا بۇ چوقۇم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىر بىر كۈنگە قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئادەم» دېگەن) نىڭ ئوسمان رضي الله عنه غا يازغان: «سەن سەئىد (ئوسمان رضي الله عنه نىڭ بىر تۇغقىنى) ئىگنى، ۋەلىد (يەنى ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە)ئىگنى ۋە نەپسى-خاھىشىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ سەن قوللاۋاتقان تۇغقانلىرىڭنى بىزدىن نېرى قىل!» دېگەن خېتىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ («آراء الخوارج» 47- بەت).

مانا بۇ ئوسمان رضي الله عنه غا: «ئۇ تۇغقانلىرىغا ئەسەبىيلىك (يەنى يان بېسىش ياكى مىللەتچىلىك ۋە ياكى گۇرۇھۋازلىق) قىلدى» دەپ قىلىنغان تۆھمەتتۇر. خاۋارىجلارنىڭ ئىچىدىن جىبىللە ئىبنى ئەمر ئوسمان رضي الله عنه غا: «سەن ياكى خاس دوستلىرىڭنى تەرك ئېتىسەن، ياكى بولمىسا بۇ خىلاپەتنى بوينۇڭدىن ئېلىۋېتىسەن» دېگەندە، ئوسمان رضي الله عنه: «قايسى خاس دوستلىرىمنى دېمەكچىسەن؟ اللە بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ كىشىلەردىن خالىغانىنى خاس دوستلۇققا تاللاپ مەنسەپكە قويۇش ھەققىم بار تۇرسا!؟» دەپ سوئال قويغانىدى، ئۇ: «مەرۋاننى سەن تاللىدىڭ، مۇئاۋىيەنى سەن تاللىدىڭ، ئابدۇللا ئىبنى ئامىرنى سەن تاللىدىڭ، ئابدۇللاھ ئىبنى سەئدنى سەن تاللىدىڭ» دەپ قوپاللىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى («تاريخ الطبري» 4- توم 366- بەت).

مانا بۇ (يەنى ئوسمان رضي الله عنه نىڭ ئۆز تۇغقانلىرىنى مەنسەپكە تاللىغانلىقى) ئۇلارنىڭ نەزىرىدە (ئوسمان رضي الله عنه نىڭ زالىملىقىغا) «ئەڭ كۈچلۈك ۋە مەشھۇر دەلىل» ھېسابلىناتتى. ۋاھالەنكى، بۇ ناھايىتى زەئىپ دەلىلدۇر چۈنكى كىشى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ئۇلارنى يېقىن تۇتۇشى (گۇناھ-مەئسىيەتكە سەۋەب بولمىسىلا) شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىش ئەمەستۇر.

## بەشىنچى تېما: ئىقتىسادىي ئامىل

خاۋارىجلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل — ئەمرنىڭ غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتىكى ئىجتىھادىنى «زۇلۇم» دەپ قارىۋېلىشىدۇر. دېمەك، ئۇلارنىڭ قوزغىلىشىغا مال-مۈلۈك تەلەپ قىلىش سەۋەب بولغان. بۇ توغرىسىدا ئىبنى ھەجەر رحمه الله شۇنداق نەقىل قىلىدۇكى، ئەبۇ ئاۋانە نىيسابۇرى: «خاۋارىجلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بەيتۇلمالنى ياكى غەنىيمەتنى تەقسىم قىلىشتا ئەمىرلەرنىڭ ئەسەرەت (يەنى ئۆزىنى ئاۋۋال ئويلاش) قىلىشى ھەم سەۋەب بولغانىدى» دېگەن («فتح الباري» 12- توم 301- بەت).

رىيائىللىق شۇكى، خاۋارىجلارنىڭ ئۆچمەنلىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانىسىدىلا غەنىيمەتنىڭ تەقسىم قىلىنىش مەسىلىسىدىن مەيدانغا كەلگەن. بۇۋەقەلىكنى شەھرىستانى ۋە ئىبنى جەۋزى قاتارلىق ئالىملار خاۋارىجلارنىڭ كېلىپ چىقىش ئامىللىرىدىن دەپ سانىغان («تلبيس إبليس» 90- بەت) چۈنكى خاۋارىجلارنىڭ سەلەف بوۋىسى زۇلخۇۋەيسىرە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەنىيمەت تەقسىم قىلىشىنى «ئادالەتسىزلىك قىلدى ۋە ئۆزىنى ھەممىدىن ئاۋۋالقى ئورۇنغا قويدى» دەپ قارىۋېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يامان گۇمان قىلغان ۋە «سەن اللە نىڭ رازىلىقىنى كۆزدە تۇتمىدىڭ» دەپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قەلبىگە ھۆكۈم قىلغان. ئەمەلىيەتتە، خاۋارىجلار كۆپىنچە ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مال-دۇنياغا ھېرىسمەنلىكىنى ۋە شەخسىيەتچىلىكىنى باشقىلارغا «اللە تىن قورق، ئادىل بول!» ۋە «ھۆكۈم قىلىش پەقەت اللە قا خاس!» دېگەندەك دەبدەبىلىك سۆزلەرنى دېيىش ئارقىلىق پەردازلايدۇ. بۇ ۋەقەلىك ئوسمان رضي الله عنه نىڭ دەۋرىدىمۇ يۈز بەرگەن. مەسىلەن، ئوسمان رضي الله عنه نىڭ ھويلىسىنى قورشىۋالغانلار بىر-بىرىگە: «سىلەر بەيتۇلمالنى قورشىۋېلىڭلار! باشقىلار ئۇنى سىلەردىن بۇرۇن ئىگىلىۋالمىسۇن» دەپ ۋارقىراشقان.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئوسمان رضي الله عنه قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا بەيتۇلمالغا ئەسەرەت (يەنى ئۆز مەنپەئەتىنى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش) قىلغان، ئەمەلىيەتتە بۇ ئەمىرنىڭ ئىجتىھادىغا باغلىق ئىشلار ئىدى. ئەلى رضي الله عنه نىڭ دەۋرىدىمۇ خاۋارىجلارنىڭ چىقىشىغا ئىقتىسادىي ئامىل تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەلى رضي الله عنه غا: «بىزنىڭ ساڭا قارشى چىقىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، تۆگە ئەھلى (يەنى تۆگىگە مىنىۋالغان ئائىشە رضي الله عنها نىڭ قوشۇنى) بىزگە قارشى جەڭدە مەغلۇپ بولغاندا، سەن ئۇلارنىڭ قوشۇنىدىن چۈشكەن مال-مۈلۈكنى بىزگە مۇباھ قىلدىڭ ئەمما ئايال-بالىلىرىنى قۇل، چۆرە قىلىشتىن چەكلىدىڭ» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر.

(اللە خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



# پارتىزانلىق ئۇرۇشى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

1960- يىلىنىڭ باشلىرى، ۋېيتنام

ئامېرىكا قىسىملىرى ۋېيتنامدا مۇھىم بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. گەرچە ئۇلار ئىشنى تاجاۋۇزچىلارغا خاس قاتتىق قوللۇق بىلەن باشلىمىغان بولسىمۇ بىراق ئىجتىمائىي مۇھىتتا ۋە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىدىن قېلىپ قالغان سەلبىي تەسىرلەر بار ئىدى.

كوممۇنىستلارغا كەلسەك،ئۇلار جەنۇبىي ۋېيتنامدىكى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن يىللارچە تىرىشتى ۋە ئامېرىكىنى «يېڭى بىر تاجاۋۇزچى، خەلقنى ئېزىۋاتقان ئىجتىمائىي رېجىمنىڭ قوللىغۇچىسى» دېگەن ئىدىيىنى خەلقنىڭ كاللىسىغا ئورنىتىۋەتتى. بۇ خىل جەلپ قىلارلىق ئىدىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبىي ۋېيتنام كۈچلىرى ۋە ئامېرىكا قوللىغۇچىلىرى بىر ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى بىراق ئامېرىكا قوماندانى ۋېست مورلەن: «خەلقنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشتىن دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلغان ياخشى» دەپ قارىدى.

سوۋېت قىسىملىرى ئافغانىستانغا كىرگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئافغانىستان خەلقىنىڭ كاللىسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار ئافغانىستاننى بېسىۋېلىپ باغرام ئايرودرومىنى كونتروللۇقىغا ئالغاندىن كېيىن، سوۋېت قىسمىنىڭ كوماندىرلىرى دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ مەسىلە ئافغان خەلقىنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش بولدى ۋە بۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج ۋېيتنامدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. سوۋېتلار پەقەت تاجاۋۇز قىلىپلا قالماستىن بەلكى خەلقنى ئومۇميۈزلۈك دىنسىز، قىزىل رېجىم ئاستىغا ئالماقچى ئىدى.

«سوۋېتلارنىڭ ئومۇمىي رېجىمى نەتىجىسىدە، خەلق سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ مۇجاھىدلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلارنىڭ كۈچى ناھايىتى تېزلا كۈچىيىپ كەتتى» (ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسى لىيود كلەك).

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋېيتنامدا قىلغىنىغا ئوخشاش سوۋېتلارمۇ ئافغانىستاندا خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ باقتى. ئۇلار دوختۇرخانا سالدى، مەكتەپ سالدى.

«سوۋېتلارنىڭ قىلغان تىرىشچانلىقىنى پۈتۈنلەي بىكار كەتتى دېگىلى بولمايتتى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىدا سوۋېتلارغا نىسبەتەن دوستانىلىق ئىپادىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار سوۋېتلارنى ئافغانىستانغا تەرەققىيات ئېلىپ كىرگۈچىلەر دەپ قاراشقا باشلىدى» (ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسى لىيود كلەك).

ئافغانىستان پارتىزانلىرى ئافغان خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئىش قىلمىدى، بولۇپمۇ ياشاش قىيىن بولغان تاغلىق رايوندا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ يەرلەردە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سوۋېتلارغا قارشى جەڭلىرىنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

«تاغلىق رايونلاردىكى ئافغان خەلقىنىڭ ئافغانىستان پارتىزانلىرىنى ياخشى كۆرۈشىدىكى سەۋەب — ئۇلارنىڭ ئۆز قەبىلىلىرىگە بولغان سادىقلىقىدىن، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ۋە نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى شەكىللەنگەن ئىتائەتچانلىقىدىن كەلگەن ئىدى. ئافغانىستان پارتىزانلىرى ئافغان خەلقىدىن ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى» (ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسى لىيود كلەك).

ۋېيتنام ۋە ئافغانىستاندىكى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرى بولغان ۋېيتنام كوممۇنىستلىرى ۋە ئافغان مۇجاھىدلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشتىن ئىبارەت پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم شەرتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش سىياسىتى ئۈنۈمسىز بولدى.

ئافغانىستان ۋە ۋېيتنامدا ئېلىپ بېرىلىدىغان زورۇر ئىش بولسا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى قەدىمىگە يۆتكىلىش بولۇپ، بۇ جەريان ۋېيتنامدا 1960- يىلىنىڭ باشلىرى، ئافغانىستاندا 1980- يىللىرى ئېلىپ بېرىلدى.

3. قۇرۇش

ھەر قايسى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيىلىرىنى قۇرۇشى كېرەك. بۇ قۇرۇش بولسا ئەسكىرىي ۋە سىياسىي مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئارمىيە پەقەت قورال تۇتقان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئەسكىرىي بىر ئارمىيە بولۇپلا قالماستىن بەلكى سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى باشقا ئورۇنلارغا تارقىتىدىغان سىياسىي ئارمىيە بولۇشى كېرەك. پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ناھايىتى مۇھىم.

1956- يىلى، ئالجىرىيە

فرانسىيە ئارمىيىسى ئالجىرىيىگە 400 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر يۆتكىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھاۋا ئارمىيىسىگە تەۋە ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى. 1956~1957- يىللىرى پارتىزانلار فرانسىيىگە قارشى ئەنئەنىۋى پارتىزانلىق تاكتىكىلىرىنى ئىشلەتتى، نەتىجىدە ئالجىرىيىدە تۇتقۇن قىلىش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق قالايمىقانچىلىق ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇ ۋەزىيەتكە قارىتا 1957- يىلى فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئالجىرىيىنى «بۆلەكلەرگە بۆلۈپ كونترول قىلىش» ئىستراتېگىيىسىنى ئىشلەتتى. ھەر بىر بۆلەككە مۇئەييەن ساندىكى قىسىم مەسئۇل بولۇپ پارتىزانلارنى تازىلىدى. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئالجىرىيە تەۋەسىدە يامراپ كەتكەن تېررورلۇقنىڭ دائىرىسىنى كىچىكلىتەلىدى بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئەسكەر كۈچى كەتتى. فرانسىيە يەنە پارتىزانلارغا ياردەم بەرگەن دەپ قارىغان يېزا خەلقىنى ئومۇميۈزلۈك جازالاپ، يېزىلاردىكى كىشىلەرنى تاغلارغا مەجبۇرى قوغلىۋەتتى. 1957~1960- يىللىرى مۇشۇ سەۋەبتىن 2 مىليون ئالجىرىيىلىك يۇرتلىرىدىن كېتىپ مۇساپىر بولدى.

ۋېيتنام

كوممۇنىست رەھبىرى جىياكنىڭ ئىككى بۆلەك ئارمىيىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، كوممۇنىستلار؛ يەنە بىرى، جەنۇبىي ۋېيتنامدىكى پارتىزانلار ئىدى. بۇ ئىككى ئارمىيىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كوممۇنىستلار فرانسىيىنىڭ چېكىنىشىدىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئۈستۈنلۈكتىن ۋە مەنپەئەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. ئوخشاش ئەھۋال ئامېرىكا ۋە فرانسىيىنى ناھايىتى مۈشكۈل بىر ھالەتتە قالدۇرۇپ قويدى. بۇ — خەلقنىڭ مايىللىقى ئىدى.

«فرانسىيىنىڭ چېكىنىپ ئامېرىكىنىڭ كىرىشىگىچە بولغان جەرياندا مۇئەييەن ئۆتۈشۈش ۋاقتى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرى پۈتكۈل دۆلەت تەۋەلىكىدە يامراپ كەتتى، نەتىجىدە ئامېرىكىلىقلار نەچچە مىڭلىغان يېڭى كوممۇنىستلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى» (ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسى لىيود كلەك).

ۋېيتنامدىكى كوممۇنىستلارغا قارشى ئامېرىكا قوماندانى ۋېست مورلەنىڭمۇ ئىككى بۆلەك قىسمى بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، ئامېرىكا ئارمىيىسى؛ يەنە بىرى، جەنۇبىي ۋېيتنام كۈچلىرى ئىدى. 1966- يىلىدىن باشلاپ ۋېست مورلەن بۇ ئىككى بۆلەك ئارمىيىسىدىن ئىككى تۈرلۈك ئىستراتېگىيە بويىچە پايدىلاندى. يەنى، يەرلىك ۋېيتنام ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش؛ يەنە بىرى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ كوممۇنىستلارغا زەربە بېرىپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى جەنۇبىي ۋېيتنام ھۆكۈمىتىگە مايىل قىلىش ئىدى.

ئافغانىستان ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا سوۋېت گېنېراللىرى ۋە مۇجاھىدلار رەھبەرلىرى ئۆز ئارمىيىلىرىنى تەشكىللەشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتلاردا سوۋېتلار ياخشى تەييارلىق قىلغاندەك ۋە ياخشى قوراللانغاندەك قىلاتتى بىراق ئۇلارغا قارشى مۇجاھىدلار بولسا ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە قوراللاندى ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرى ئومۇمىي ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىغان تاغلىقلاردا ھەرىكەت قىلىشتى. ۋېيتنامدا بولسا ۋېست مورلەن ۋە جىياكلار پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ تەلىپى بويىچە قوشۇنلىرىنى تەشكىللىدى.

ھەر قايسى سەپنىڭ قوماندانلىرى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى قەدىمىنىڭمۇ ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتى.

4. خورىتىش

بۇ جەرياندا ھەر قايسى تەرەپ ئەسكىرىي «ئويۇن»لارنى ئويناش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى خورىتىشى كېرەك ئىدى.

ۋېيتنامدا جىياكنىڭ شىمالىي ۋېيتنامدىكى كوممۇنىست ئارمىيىسى ۋە جەنۇبىي ۋېيتنامدىكى پارتىزان قىسمى بار ئىدى. ئۇ، بۇ ئارمىيىلىرىدىن پايدىلىنىپ خورىتىش جەريانىدىن كېيىنكى باسقۇچ بولغان بۇزۇلۇش جەريانىغا ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. جىياكنىڭ ئىستراتېگىيىسىگە قارشى ۋېست مورلەن ئىككى بۆلەك ئارمىيىسى — يەنى ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە جەنۇبىي ۋېيتنام كۈچلىرى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك ئىدى بىراق بۇ جەرياندا ۋېست مورلەن مۇئەييەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى.

«بىر تەرەپتىن ئۇلار شىمالىي ۋېيتنامنىڭ مۇنتىزىم قىسمىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن ۋېيتنام ھۆكۈمىتىگە قارشى پارتىزانلارغا قارشى تۇرۇشى كېرەك» (ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسى لىيود كلەك).

ئۇ — ئىشلەتمەكچى بولغان قىسمىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ بولۇپ، كېلىپ چىققان مەسىلە بولسا شىمالىي ۋېيتنامغا قارشى ئەنئەنىۋى چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىش، پارتىزانلارغا قارشى تۇرۇش ياكى ھەر ئىككىسىنى تەڭ ئېلىپ بېرىشنىڭ قايسىنى تاللاش مەسىلىسى ئىدى. ئاخىرىدا ۋېست مورلەن ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ قارارىغا شىمالىي ۋېيتنام قىسىملىرى ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بىر قاتار جەريانلار ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ تەشكىللىنىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، نەتىجىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ سانى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئاشتى، يەنى 1962- يىلى ۋېيتنامدىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 2 مىڭ بولغان بولسا، بۇ سان 1969- يىلىغا كەلگەندە 500 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ ئۇرۇش جەريانىدا مورلەن ۋە جىياكنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قارشى تەرەپنى خورىتالىشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى بىراق خورىتىش قوماندانىغا نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇمدىن دېرەك بېرەتتى. جىياك ئۈچۈن بۇ خورىتىش ئۆزىنىڭ يېڭەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئامېرىكىنى ھاردۇرۇشتىن دېرەك بەرسە، مورلەن ئۈچۈن بۇ خورىتىشنىڭ مەنىسى دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوق قىلىش ئىدى.

كوممۇنىستلارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم ئىش بولسا ئامېرىكىنى ھاردۇرۇپ ۋېيتنامدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئىدى چۈنكى ئۇلارنىڭ ئامېرىكىنى تولۇق يېڭەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىگە نىسبەتەن زورۇر ھېسابلىنىدىغان ئىش دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئامالنىڭ بارىچە كۆپ ئۆلتۈرۈش ئىدى.

بىراق، جىياكنىڭ شىمالىي ۋېيتنام كۈچلىرى بىلەن جەنۇبىي ۋېيتنام پارتىزانلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسى مورلەنگە يېڭى بىر باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. ئامېرىكىلىقلار سازلىق ۋە ئورمانلىقلاردىن ئۆتكۈچە پارتىزانلارنىڭ بۆكتۈرمىلىرىگە دۇچ كەلدى. 1965- يىلىغىچە جىياكنىڭ ئىستراتېگىيىسى داۋاملاشتى بىراق شۇ يىلى ئۇ ئەڭ چوڭ خاتالىقنى ئۆتكۈزدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## پەيغەمبەر تىبابىتى بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### كالا گۆشى

ئۇ قۇرۇق سوغۇق، ھەزىم قىلىش قىيىن، تېز يۇرۇشمەيدۇ، سەۋدا قان پەيدا قىلىدۇ، ئۇ پەقەت جاپاكەش كىشىلەرگىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېسە ئاق كېسەل، قىچىشقاق، سەپكۈن، ماخاۋ، تېرە كېسەل ۋە راك، ۋەسۋەسە (يەنى سەۋدا ئېشىپ كېتىشتىن پەيدا بولغان زېھنى ئاجىزلىق)، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما ۋە ھەرخىل ئىششىق... لارغا ئوخشاش سەۋدا كېسەللىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھالەت كالا گۆشى يەپ ئادەتلەنمىگەن ياكى ئۇنىڭ زەرەرىنى پىلپىل، سامساق، دارچىن، زەنجىۋىل قاتارلىق دورا-دەرمانلار بىلەن قايتۇرۇپ تۇرمىغان ئادەملەرگە شۇنداق بولىدۇ. كالىنىڭ ئەركىكى سوغۇق، چىشىسى قۇرغاق.

توياق گۆشىنىڭ سېمىزى ناھايىتى مۆتىدىل ئوزۇقلۇقتۇر. ئۇ ناھايىتى لەززەتلىك ۋە ماختىغۇچىلىكى بار گۆشتۇر. ئۇ ھۆل ئىسسىق بولۇپ، ھەزىم بولسا كۈچلۈك ئوزۇقلۇق بولىدۇ.




■ 5- ئاينىڭ 27- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ خوست ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزىدە مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 22 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە نۇرغۇنلىرى يارىلانغان.

■ 5- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى «مەنسۇر ئەمەلىيەتلىرى» جەريانىدا ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتى تاغاپ رايونىدىكى 3 ئەسكىرىي بازا، 13 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە 15 يېزىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان.

■ 5- ئاينىڭ 29- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ بەيدا ۋىلايىتى مەزۇقىن رايونىدا ھۇسى شىئە ئەسكەرلىرىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 5 نەپەر شىئە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 5- ئاينىڭ 30- كۈنى رۇسىيىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ساراتوف رايونىنىڭ بالاشوف ئايرودرومىدا رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ EN-26 تىپلىق ھەربىي ئايروپىلانى مەشىق جەريانىدا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن، نەتىجىدە ئايروپىلان ئىچىدىكى بىر نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ قالغانلىرى يارىلانغان.

■ 5- ئاينىڭ 31- كۈنى سومالى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيە ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 1 دانە ئەسكىرىي ماشىنا كۆيۈپ، 7 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 5- ئاينىڭ 31- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ دىرجى رايونىدا سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ بىر چوڭ ئەسكىرىي مەسئۇلىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ بۇ يىللىق مۇبارەك رامىزان ئېيى كىرىشى بىلەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كاپىرلىرىنىڭ مۇسۇلمان خەلقىمىزگە قاراتقان رامىزانلىق چەكلىمىسى يەنىمۇ كۈچەيگەن. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە خىتاي كاپىرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى تېخىمۇ قاتتىق ۋە قوبۇل قىلغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ ھەتتا دېهقان-چارۋىچىلارنىڭمۇ روزا تۇتۇشنى چەكلەش ئۈچۈن ھەربىر ئائىلىگە بىردىن نازارەتچى كادىرنى كۆزىتىشكە سەپلىگەن. خىتاي كاپىرلىرى ئۆز كەنتلىرىدە تۇرۇشلۇق كادىرلارغا رامىزاننىڭ ئالدىنقى 10 كۈنىدە «دېهقانلار بىلەن 5 تە بىللە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان شۇنداقلا ھەربىر مۇسۇلمان خەلق بۇ كادىرلارنى ئۆيلىرىدە قوندۇرۇشقا مەجبۇرلانغان. ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە دۇكان، ئاشخانا ۋە مېهمانسارايلارنى خىزمەتتىن توختىتىشقا بولمايدىغانلىقى ۋە بويسۇنمىغانلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خىتاي كاپىرلىرىنىڭ رامىزانلىق چەكلىملىرى مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇملىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى خالاس.

■ 6- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزىدىكى بىر ئىستىخبارات ئورگىنىغا ئەسكەرچە ياسىنىپ كىرىپ ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 1 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 30 نەپەر ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 6- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى ئىمام ساھىب رايونىدىكى 5 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە بىر قانچە يېزىلارنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان، مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 10 دىن ئارتۇقىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان، كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 6- ئاينىڭ 5- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ كىسمايۇ شەھىرىدىكى بىر ساقچى ئىدارىسىگە مىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ پارتلىتىپ 35 نەپەر ساقچىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ دەرئا شەھىرىنىڭ مەنشىيە رايونىدىكى جەڭلەر داۋاملىشىۋاتقىلى 100 كۈندىن ئاشقان بولۇپ، بۇ جەڭلەرنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇجاھىدلار تەرىپىدىن بۇ جەڭلەر داۋامىدا 5 قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىلغان؛ شىئە كاپىرلىرىدىن 300 نەپىرى ئۆلتۈرۈلگەن؛ 7 دانە تانكا، 7 دانە شالاكا ۋە 2 دانە تراكس ۋەيران قىلىنغان شۇنداقلا 1 دانە جاسۇس ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن.

■ 6- ئاينىڭ 7- كۈنى بېرمىنىڭ مىيەك شەھىرىدىن ياڭگۇڭ شەھىرىگە كېتىۋاتقان بىر دانە ئايروپىلان دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ ۋەيران بولغان. بۇ ئايروپىلاندا ئايروپىلان خادىملىرى، بېرما ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 122 نەپەر ئادەم بار بولۇپ، ئايروپىلان دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىش نەتىجىسىدە ئايروپىلاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھالاك بولغان.

■ 6- ئاينىڭ 8- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بوساسۇ شەھىرى ئەفئەرا رايونىغا جايلاشقان بىر ئەسكىرىي بازىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 61 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە 16 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىغا قوشنا بولغان كېنىيە دۆلىتىدە 11 قېتىم جىهادىي ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 30 غا يېقىن كېنىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 8 ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراغلارنى غەنىيمەت ئالغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

## سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| رُسْغٌ | بېغىش |
| يَدٌ | قول |
| إِصْبَعٌ | بارماق |
| رِجْلٌ | پۇت، پاچاق |
| شَعْرٌ | چاچ، تۈك |
| رَقَبَةٌ | بويۇن |
| صَدْرٌ | كۆكرەك |
| ذِرَاعٌ | بىلەك |
| قَدَمٌ | پۇت |
| لِسَانٌ | تىل |
| ضِرْسٌ | چىش |
| ظُفْرٌ | تىرناق |

## جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| رُسْغُ يَدِي يَجَعُ | قولۇمنىڭ بېغىشى ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ |
| لَا أَسْتَطِيْعُ رَفْعَ يَدِي | قولۇمنى كۆتۈرەلمەيۋاتىمەن |
| قَدْ اِنْقَطَعَ إِصْبَعُهُ | ئۇنىڭ بارمىقى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ |
| اِنْقَطَعَتْ رِجْلُهُ فِي هذِهِ الْمَعْرَكَةِ | بۇ جەڭدە ئۇنىڭ پاچىقى ئۈزۈلۈپ كەتتى |
| شَابَ شَعْرُهُ | ئۇنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىپتۇ |
| جُرْحُ رَقَبَتِهِ شَدِيدٌ | ئۇنىڭ بويىنىدىكى يارا بەك ئېغىر |
| أَصَابَ صَدْرَهُ سَهْمٌ | ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئوق تېگىپتۇ |
| الْعَالِمُ أَشَدُّ عَلَى الشَّيْطَانِ مِنْ أَلْفِ عَابِدٍ | بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر، بىلىكى چوڭ بىرنى |
| لَا أَسْتَطِيعُ رَفْعَ قَدَمِي | پۇتۇمنى كۆتۈرەلمەيۋاتىمەن |
| لِسَانُ وَلَدِي وَجِيعٌ | بالامنىڭ تىلى ئاغرىپ قاپتۇ |
| ضِرْسِي وَجِيْعٌ جِداً | چىشىم بەك ئاغرىپ كېتىپ بارىدۇ |
| قَلِّمْ ظُفْرَكَ | تىرنىقىڭنى ئېلىۋەت! |




1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

بەكمۇ ئۇششاق يېپىشقان،
شامال، سۇدا يۆتكىلەر.
يامغۇر ياغسا ئۇستىگە،
بىر دەمدىلا سىڭدۈرەر.
ئۈنسىز پۈتمەس بىتون تام،
جاۋابىنى كىم بىلەر؟!

2. تۆۋەندىكى رەسىمدىن پەقەت ئۈچ تاللا سەرەڭگە تېلىنى يۆتكەش ئارقىلىق ئۈچ دانە ئۈچبۇلۇڭ ھاسىل قىلالامسىز؟





ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. ئاپتاپپەرەس.
2. «ئاسمان»نىڭ ئاخىرى «ن» ھەرپى.

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### بىرگە يېيىشكە بولمايدىغان يېمەكلىكلەر

سۆڭپىياز بىلەن ھەسەل: سۆڭپىياز بىلەن ھەسەلنى بىرگە يېگەندە كۆزنى زەخمىلەندۈرىدۇ، كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئېغىر بولغاندا قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.

پەمىدۇر بىلەن تاتلىق ياڭيۇ: پەمىدۇر بىلەن تاتلىق ياڭيۇنى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا تاش پەيدا بولۇش، قورساق ئاغرىقى، ياندۇرۇش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

خاسىڭ بىلەن تەرخەمەك: خاسىڭ بىلەن تەرخەمەكنى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا ئاسانلا ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

توشقان گۆشى بىلەن تۇخۇم: توشقان گۆشى بىلەن تۇخۇمنى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا ئاسانلا ھەزىم قىلىش يولىنى غىدىقلاپ، ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

توشقان گۆشى بىلەن كىچىك يېسىۋىلەك: توشقان گۆشى بىلەن كىچىك يېسىۋىلەكنى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا ئاسانلا قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا **الله تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

**والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته**